ئەنۋەر هاجى مۇھەممەد

# كۆپۈك



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

# كۆيۈك

(رومان)

مىللەتلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار سالام
مەسئۇل كوررېكتور: شەمسىيە تۇرسۇن

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد

# كۆپۈك

(رومان)

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 010—64290862
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2009 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2009 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168 م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 9.5
سانى : 0001-3000
باھاسى : 16.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-10006-4/I. 2037 (维 290)

图书在版编目(CIP)数据

泡影：维吾尔文/安尼玩·买买提著.—北京：民族出版社，2009.4

ISBN 978-7-105-10006-4

Ⅰ.泡… Ⅱ.安… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第055486号

责任编辑：沙塔尔·沙拉木
责任校对：夏木斯亚·吐尔孙
出版发行：民族出版社　http://www.mzcbs.com
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2009年6月第1版　北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 1/32
印　　张：9.5
印　　数：0001-3000
定　　价：16.00元

ISBN 978-7-105-10006-4/I.2037（维290）

# نەشرىياتتىن

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد 1974-يىلى 10-ئاينىڭ 25-كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1991-يىلى ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى(ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى) ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1996-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ھازىرغىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارمىقىدىكى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەدنىڭ ئەسەرلىرى 1991-يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»(«تارىم»)، «قىيامەتلىك كېسەل»(«تەڭرىتاغ»)، «گۇناھ»(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى»)، «كۆز يېشى ۋە ۋەھىمىگە تولغان كۈنلەر»(«كرورەن»)، «بىچارە ئادىمى»(«مايبۇلاق»)قاتارلىق ئون نەچچە پوۋېست، «چاقىرىش»، «يىراق سەھرادىكى يىگى ھېكايە»، «مۇھەببەت» قاتارلىق يىگىرمە پارچىغا يېقىن ھېكايە، «تەكلىماكان ئوغلى»، «مجىت قەلەم ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىرلار»، «مۇھەببەتلىك ھايات» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات، «يازغۇچى ۋە ئىنسان تەبىئىتى»، «پروزا ئىجادىيىتىدىكى بىر قانچە مۇھىم روھىي ھالەت» قاتارلىق ئوبزورلارنى ئېلان قىلغان. ئاپتورنىڭ «لاي سۇ ئىچكەن جانلار»ناملىق پوۋېستى جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىر قوزغاپ، 1996-يىلى «تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن؛ «مۇھەببەت» ناملىق ھېكايىسى 2006-يىللىق «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. 1999-يىلى ئۇنىڭ «جان

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئـوتى» نـاملىق ھېكـايـىلەر تـوپلىمى، 2005-يىلـى «لاي سـۇ ئىچـكەن جانلار» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشـر قىلىنغـان. 2005-يىلى ئۇنىڭ «ھەر كاللىدا ھەر خىيال» نـاملىق ئەدەبىـي ئاخبـارات، ئوبزورلار توپلىمى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئـۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن سىرت ئەدەبىي تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، نوبېـل ئەدەبىيـات مۇكاپاتىغـا ئېرىشـكەن مەشـھۇر تـۈركىيە يازغۇچىسـى ئورخـان پاموكنىڭ «يېڭى ھايات» ناملىق رومانىنى تۈركچىدىن تەرجىمە قىلدى، بۇ كىتاب 2008-يىلى 7-ئايدا نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئەنـۋەر ھـاجى مـۇھەممەد 2004-يىلـدىن بۇيـان «ئەرتـۈرك» (Erturk) تەخەللۇسـى بىـلەن تـور ئەدەبىياتـىدىمۇ بەلگىلىـك نەتىجىـلەر قازانغان ياش يازغۇچى بولۇپ، ھەرقايسى تور بېكەتلىرىدە ھەر خىـل تېمـا ۋە ژانىرلاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ئېلان قىلدى.

«كۆپـۈك» ئاپتورنىـڭ تـۇنجى رومـانى، رومانـدا مەلـۇم نـاھىيە بازىرىـدىكى بىـر ئـائىلە كىشىلىرىنىڭ ھايـات كەچۈرمىشلىرىنى تەسـۋىرلەش ئارقىلىق، 90-يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ، شەھەرلىشىش دولقۇنىنىـڭ يەنىمـۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب........................................ 1
ئىككىنچى باب ...................................... 74
ئۈچىنچى باب ......................................200

# بىرىنچى باب

## 1

ئەلياتقۇدا ئۇلار يەنە سەتلىشىپ قالدى:
— ياستۇقنى ئاتماڭلا! — دەپ ۋارقىرايتتى ئەر.
— ماڭ ئاشناڭنى تاپ، يوقال! — دەپ ۋارقىرايتتى ئايال.
— باشقا قويىدىغان نەرسىنى ئاتماڭلا!
— سەن بىلەن بۇ ياستۇققا ئەمدى باش قويمايمەن! — ئايال ياستۇقنى ئېرىنىڭ كاللىسىغا ئاتتى، ئېرى چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى، ئايالى ئۇنى تارتىپ يىرتىۋەتتى، ياستۇقنىڭ قېتىدىكى يۇمشاق پاختا تىتىلىپ چىقتى.
— چۇۋۇلدىمۇ مانا...
— سەندەك مازنىڭ مېزىنى چۇۋۇيمىز شۇنداق! — ئايال غەزەپ ئاچچىقى بىلەن ئېرىنى سەتلەپ تىللاپ ئۆيىنى بېشىغا كىيدى. ئەر ئالدىراپ تالاغا ماڭدى. باھارخان ئوغلىنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ كېلىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى:
— ۋاي نېمە بولۇشتۇڭلار؟!
— ھېچنېمە، بېرىپ ئوغۇللىرىدىن سورىسىلا...
— زادى نېمە ئىش بولدى؟
— تازا ماز بىر نېمىگە تېگىپتىكەنمەنمۇ دەيمەن...
— ئۇنىڭ نەرى مازكەن، نېمانداق گەپ قىلىسىز؟
— ماز بولغاندىكىن ماز دەيمەن، بېرىپ ئۆزىدىن سوراپ باقسىلا!

ئەر-خوتۇنچىلىقتىكى كېلىشمەسلىك ئابدۇباقىنىڭ ئەرلىك غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ، خوتۇننى قىتىغۇر، جىلخور قىلىۋەتكەنىدى.

دىمىقى ئۈستۈن خوتۇنىنىڭ شەھلا كۆزىدىكى كۈچلۈك ئىنتىلىش ۋە غەلىتە ئىپادىلەرنى كۆرسىلا ئۇنىڭ يۈرىكى سىلىپ كېتەتتى، كۆڭلىدە خوتۇن خەق دېگەننى ئېرىتىپ شـام قىلىۋېتىمەن دەپ ئويلىسىمۇ، نەق شۇ پەيتلەردە خوتۇنىنىڭ توك قاپىقىدىن، يامان كۆزىدىن، سېسىق گېپىدىن قورقۇپ، شامالدا ئۆچەي دەپ قالغان شام نۇرىدەك ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ ئەركىنلىكـى تامامەن خوتۇنىنىڭ ئىختىيارىـدا بولاتتى، پەقەت ئۇيقۇلۇقتىلا ئاندىن يۈرىكى جايىغا چۈشەتتى.

باھارخان بىر دەمدىن كېيىنلا بالىسىـدىن گەپ سورىغىلى كىردى:

— سانىيەخاننى نېمە قىلدىڭ؟

— ھېچنېمە...

— ئەمىسە نېمىشقا زۇۋانى بېسىقمايدۇ؟

— ئۇنىڭ ئاغزى ئاشۇنداق بەزەپ.

— سېنى شـۇنداق سەتلىسـە بېشـىڭنى تۆۋەن سېلىپ تۇرامسەن؟

— ئۇ سارائ بىلەن تەڭ بولغىچە...

— ھەي، ماڭا راستىڭنى دە، ئاراڭلاردا نېمە ئىش بولدى؟

— ھېچقانداق ئىش يوق، ئۇ سىزگە بىر نېمە دېدىما؟

— نېمە دەيتتى، سـېنى يارىماس لاتىغا چىقىرىۋەتتى، ئۇ سېنى نېمىشقا كەمسىتىدۇ؟ سېنىڭ نەرىڭ يارىماسكەن، ماڭا بىر دېگىنە قېنى...

— يوق يەپتۇ ئۇ جىن ساراڭ...

— ئۇنى خوتـۇن قىلالماي قورقىلـى تۇردۇڭمۇ ئەمدى، قارىغىنە چىرايىڭغا...

— ۋاي ئانا، بولدى قىلىڭە ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويۇپ...

— قوپ جۇگۇ، خوتۇنىڭنىڭ يېنىغا كىرىپ يات! كىم سېنى بۇ يەردە ئۇخلىسۇن دېدى!؟ — باھارخاننىڭ تامىنمۇ تىترەتكىدەك

زەردىلىك، قاتتىق ئاۋازىدىن ئابدۇباقى چۆچۈپ كەتتى، سانىيەنى ئوغۇرلۇقچە گەپ ئاڭلاۋاتقان، مىيىغىدا كۈلۈۋاتقان سىياقتا كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— ماڭا نېمىشقا راست گەپ قىلمايسەن؟ دېگىنە قېنى، زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئۇ جاپىلداقنىڭ ئېغىزى نېمىشقا كەچكىچە بېسىقمايدۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى ئابدۇباقى پۇشۇلداپ، — شۇ ئۆزىچىلا تايىنى يوق ئىشقا قوڭنى چېقىپ قوپتى...

— نېمىگە قوڭنى چاقتى؟

— بىللە ياتىلى دېگەندە ئۇنىمايدۇ، مىجەزىم يوق چاغدا ئادەمگە دوق قىلىدۇ... خۇيى يامان خوتۇننى خوتۇن قىلماق تەسكەن، مەن بۇ بىر نېمىنى بىكار پۇل خەجلەپ ئاپتىمەن...

— ھەي، سەن بىر خوتۇننى يولغا سالغان ئەر كىشى تۇرۇپ مۇشۇنداق دەمسەن، مۇشۇمۇ سەندەك ئەر كىشى دەيدىغان گەپما؟ نېمىشقا ئۇنى خوتۇن قىلالمايسەن، نېمىشقا ئۇنى باشقۇرالمايسەن، نېمىشقا مېنى خاتىرجەم قىلمايسەن؟!

ئابدۇباقى ئېغىر تىنىپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى، خوتۇننى ئاز دېگەندەك ئەمدى ئانىسىمۇ ئۇنى پاراكەندە قىلىۋاتاتتى، ئۇ قاتمۇ قات بىئاراملىقتا چىدىماي ئاخىر ئىچىدىكى دەردىنىڭ ھەممىسىنى تۆكتى:

— شۇ ... مۇشۇ يېقىندىن سوغۇم ئېشىپ كەتتىمكىن، تازا مىجەزىم يوق... تۇرسام... ئاشناڭ باركەن، كېسىلىڭ باركەن دەپ چىشىمغا تەگدى. مەن ئۇنداق ئەمەس دېسەم ئۇنىمايدۇ، نېمىشقا دائىم شۇنداق بولىدۇ دەيدۇ. مەن نەدىن بىلەي دېسەم، سېنىڭ زادى بىر چاتىقىڭ بار، سەن بالا تاپالمايسەن دەپ يۈرۈيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدۇق...

باھارخان ئوغلىغا ئەجەبلىنىپ قارىدى، چاتاق مۇشۇنىڭدا ئىكەن، بۇرۇنقى خوتۇنى ياۋاش بولغاچقا گەپ قىلالمىغان بىلەن،

يېگى خوتۇنى بوش قويۇۋەتمىگەن گەپ. بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بالا يۈزى كۆرەلمەسلىكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ئۇغلىدا بولغىيمىدى؟

— ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر چاتىقى بارمىكىن دەيمەن... — دېدى باھارخان ئۇغلىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — بېشىدىن ئىش ئۆتمىسە ئۇنداق دېمەستى...

— ئىشقىلىپ، بەك يامان خوتۇن ئېلىپ قاپتىمەن، — دېدى ئابدۇباقى يەنە ئېغىر تىنىپ، — بەك بولمىسا قويۇۋېتەرمەن ...

— خوتۇنى ئۇگلاپ خوتۇن قىلالماي تۇرۇپ قويۇۋەتمەكچىمۇ تېخى؟ مۇشــۇمۇ ئەر كىشىنىڭ دەيدىغان گېپىما؟ بېلىڭ نېمانچە بوش؟! نومۇس قىلمامسەن؟ — دېدى باھارخان پەس، زەردىلىك ئاۋازدا، — مەن ســېنى ئۇغۇل دەپ چوڭ قىلغان، تولا يۈزۈمنى تۆكمە!

ئابدۇباقى تىترەپ كەتتى، باشقا ھېچنېمە دېيەلمىدى، بىر ياقتا ئەركەك مىجەز ئانىســى، بىر ياقتــا ئەركەكزەدەك خوتۇنى قاراپ تۇراتتى، ئۇ گويا ئىككى تاشــنىڭ ئارىســدا قىسىلدى. ئۇنىڭ قۇرتتــەك تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ باھارخاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— ماڭ جۇگۇ، خوتۇنۇڭنىڭ قېشىغا كىرىپ يات!

ئابدۇباقــى ئورنىدىن تەســتە قوپۇپ، ھويلىنىڭ قارشــى تەرىپىدىكى ھۇجرىســىغا ماڭدى. ئۆزىگە ئايرىم ئورۇن ســېلىپ يېتىۋالغان سانىيە ئابدۇباقىنىڭ كىرگىنىنى تۇيۇپ ئىچى سىقىلغان بولســىمۇ جىم يېتىۋەردى، ئابدۇباقى ئۆزىنىڭ ئورۇنىنىمۇ تۈزۈك سالالماي، ئۆز ئۆيىدىمۇ خاتىرجەم ياتالماي، ئۆزىنىڭ پالانى پۇلغا ئالغان سەتەڭ خوتۇنىدىنمۇ خۇشاللىق تاپالماي، خوتۇنىنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ جىم ياتقانلىقىدىن رازى بولۇپ ئاخىر ئۇخلاپ قالدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## 2

سانىيەنىڭ سەتەڭلىكى ئابدۇباقىنىڭ ئىپتىخارى ۋە خۇشاللىقى بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇنداق بولمىدى، سەتەڭلىكنىڭ ئەپت-بەشىرىسى تويدىن كېيىن چۇۋۇلۇپ چىقتى ۋە قورقۇنچلۇق تۈيۈلۈشقا باشلىدى. ئابدۇباقى شۇنى چۈشەندىكى، بۇ سەتەڭلىك ئەسلىدە بىر ئېزىتقۇ نىقاب ئىكەن. خوتۇنى پەرداز ئەينىكى ئالدىدا چىرايىغا تەمەننا قويۇپ مەغرۇر ئولتۇرسا، ئابدۇباقى بۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ سولغۇن چىرايىنى، قولاشمىغان كۆلكىسىنى... كۆرەتتى.

ئېرىدىن رازى بولمىغان سانىيە ئۆزىنى بىر پۈتۈن شادلىققا ئېرىشەلمەي ئەخمەق قىلىنغاندەك، ھەتتا ئالدانغاندەك ھېس قىلدى؛ ھەر ئاخشىمى گويا چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلانغان ئادەمدەك قىينىلىۋېرىشنى خالىمىدى؛ ئۆزىنىڭ كەم قالغان كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېرىدىن ئەيىب ئىزدەپ، مەسخىرە ۋە ئاچچىقىنى سىيىق گەپ بىلەن بېسىقتۇرۇپ، كېچىدىكى ئىشنىڭ تەسىرىنى كۆندۈزگىمۇ سۆرەپ كىرىپ، ئاخىر ئۇنى تېزلا بويسۇندۇرۇپ يېپتەك قىلىۋەتتى، ئۇ ئېرىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋالغىنىدىن ناھايىتى خۇرسەن ئىدى، مۇبادا ئۇ ئېرى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ قالسا ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولاتتى.

ئېرىنى تىللىغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ ئاپىسىنىڭ قېشىغا يامانلاپ بېرىپ دەرد تۆكتى:

— ھەر قايسىڭلار زورلاپ... مانا ئەمدى ئۇ نېمىگە تەگكەنگە تويدۇم! ئەر خەق دېگەنمۇ شۇنداق يارىماس بولامدۇ، ئاجرىشىپ كېتىمەن، يېنىپ كېلىپ قېشىڭىزدا تۇرىمەن...

— كەلسە-كەلمەس گەپنى قىلما، بىرەر كۈن ئازنىلىق قىلساڭ قىلىپ، يامانلايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما! قولۇڭدا يا بىر ھۈنىرىڭ يوق، جېنىنى بىر ئۇبدان باقارمىكىن دەپ سېنى

ئاشۇنداق باي خەقكە بەرگەن، چوڭمۇ بولدۇڭ، جاپايىڭنى ئەمدى ئۈزۈڭ تارت! — دېدى ئانىسى يىغىنە ئىشىدىن باش كۆتۈرمەي.
— ھەر قايسىڭلارغا يۈك بولۇپ قالدىمۇ ئەمدى، خەپ شۇنداق دېگىنىڭىزگە...
— سەن ئەمدى تالانىڭ ئادىمى، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ئەمدى بۇرۇنقى شوخلۇقىڭنى تاشلا! ئېرىڭنى ئۈزۈڭگە ئۆگىتىۋالساڭ بولىدۇ، باھارخانمۇ بولىدىغان خوتۇن، ئۇبدان ئۆتسەڭ بولىدۇ.
— ئەر دېگەن شۇنداق بولسا ئەرگە تېگىپ نېمە ئىش قىلاتتىم، توۋا دەيمەن، ئەجەب تەلەيسىزكەنمەن!
— تېخى ئەمدى توي قىلدىڭ، ھەممە ئىش ئاستا-ئاستا بولىدۇ. بەختىڭ بولسا كېيىنچە باھارخاندەك باي خوتۇن بولۇپ قالامسەن تېخى...
— ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئۇ سىقىپ يالايدىغان بىر خوتۇنكەن، خەققە ئىجارىگە بەرگەن دۇكانلىرىدىن ھەر ئايدا ئىككى مىڭ كويدىن ئوشۇق پۇل يىغىۋالىدىكەن، يەنە تېخى ناۋايخانىغا نان ياقتۇرىدىكەن، تىككۈچىگە كىيىم تىككۈزىدىكەن، موزدۇزغا ئاياغ بۇيرۇتىدىكەن، پۇل بەرمەيدىكەن.
— پۇلغا شۇنداق چىڭ بولمىسا باھارخان باي بولالمايتتى. ئاشۇنداق ئۆيىمىز بولىدىغان بولسا بۇ چاغقا بىزمۇ بېيىپ كېتەتتۇق.
— باي، باي دەيسىز، قارىسا ئۆيلىرى كونا، يا يېگەن-ئىچكىنىڭ يا تۈزۈك كەيگىنىنىڭ تايىنى يوق، تاماقنى تېخى قەمبەر دېگەن ھېلىقى شالدام ئېتىدۇ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرۈپ...
— خەقنى ئۇنداق كەمسىتمە، ئۇ ئاتىسىنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ كەتكەن قىز. باھارخاننىڭ ئېرى ئەسلىي چوڭ موللام ئىدى، قەمبەر ئابدۇباقىدىنمۇ بۇرۇن تۇغۇلغان بالا، ئۇ كىچىكىدە ئاتىسى تاھارەت ئېلىۋاتقاندا كەينىدىن مارىغانمۇ يا

ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىشــدىن سەللىسنى ئېلىۋەتكەنمۇ ئىشقىلىپ ئاتىسىنى قاتتىق رەنجىتىپ قويۇپ ئۇ كىشىدىن تاياق يەپتىكەن. ئۇ شــۇ تاياقتىن بەك قورقۇپ كېتىپ زۇۋانــى تۇتۇلۇپ، ئاغزى سەل مايماق بولۇپ قاپتىكەنمىش، دەسلەپتە كېكەچلەپ كېيىن تىلى سەمرىپ ئاشۇنداق ســۆزلىيەلمەيدىغان، ئاغزىدىن شالدام ئاقىدىغان بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ داموللام كوپىراتســيە ۋاقتىدىلا كېسەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ئادەمنىڭ باھارخانغــا قالغان ئۆي-زېمىنى هازىرقىدىــن چوڭ كېلەتتى، كوپىراتسىيىدىن كېيىن بازارنى كېڭەيتىش، يول ياساش ۋاقتىدا ئۇ تامنىڭ بىر قىسمى يولغا چىقىپ كەتتى. هازىرقى يول بۇرۇن بــەك تار ئىدى، بازار بولمايتتى، مانــا هازىر بازارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى، باھارخاننىڭ تەلىيى كەلدى. ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇ ئۆي-زېمىن هامان ئېرىڭگە ۋە ساڭا قالىدۇ، ئېرىڭنى ئوبدان باشقۇرالايدىغانلا بولساڭ ئۇ چاغدا پۇل دېگەن دۇكان-دۇكاندىن كېلىۋېرىدۇ، بىر ئۆمۈر هالاۋەت كۆرىسەن...

— ۋاي قويۇڭە ئاپا، شــۇ خەقتىن نېمىنى تاما قىلىســز؟ ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىزغۇ ئەينا، يوغان بىر قورۇ-جايى بولغان بىلەن بىــرەر ئېغىز چىرايلىق ئۆيى يوق، هەممە تېمى مايماق، ئادەمنى بىسۈالارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن، ئاخشىمى خاتىرجەم ياتالمايمەن. باھارخان ئىجارىگە بەرگەن دۇكانلىرىنىڭمۇ دۇكان دېگۈچىلىكى يوق، ئۇنىمۇ ئىجارىكەشــلەر ئۆزى ئالدىراپلا ساپتىكەن، قارىسا بىرسى بىر ياڭزا، كالا پوقىدەك پومزەك، سوكال-سولتەكلەرنىڭ هەممىسى مۇشــۇ يەرگە يىغىلغان. ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى ئاندىن سەت، تېخى بىر نېمىلىرىنى ئارتىپ قويىدۇ. كوچىدىن قارىسىڭىز بەك ســەت چىنىپ تۇرىدۇ، بەزىدە نومۇس قىلىپ شــۇ ســەت هويلىغا كىرگۈممۇ كەلمەيدۇ، ئۇ پىخسىق خوتۇن كونا تاملىرىنىڭ هەممىنــى چېقىپ يا تــۈزۈك ئۆي ســالمايدىكەن، يا چىرايلىق دۇكانلارنى سېلىپ خەققە ئىجارىگە بەرمەيدىكەن، سىقىپ يالاپ

يىغقان پۇللىرىنى نېمە قىلىدىكىن!؟

— ئېرىڭنىڭ قۇلىقىنى ئوبدان تولغاپ باق، يا بولمىسا قېيىناناڭنىڭ ئۆزىگىلا مەسلىھەت بېرىپ باق، مەنمۇ دەپ باقارمەن، بىزمۇ ئەمدى ئۇلارغا يات ئەمەس، بۇ ئىشنى بۇرۇن باشلىۋالغان ياخشى.

— يوق گەپنى قىلىشمايلى ئاپا، بىز دېگەنگە ئۇنايدىغان خوتۇنما ئاشۇ؟

— دەپ باققانىڭ زىيىنى يوق، ئەڭ ياخشىسى ئېرىڭنى گەپكە كىرگۈز...

— ئانىسىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان ئاشۇ لامزەللە نېمە قىلالايدۇ؟! توۋا دەڭا ئاپا...

— نېملا بولسا ئېرىڭ، "ئېيىق بولسىمۇ ئېرىم بولسا، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈم بولسا" دەپتىكەن، سېنى ئۇ ئۇرۇپ بىر يېرىڭنى ئەيىبناق قىلىپ قويمىغاندىكىن، تولا يامانلاپ كېلىۋەرمە.

— سىزلا خۇش بولسىڭىز ماقۇل، كەلمەي،— دېدى سانىيە قاپىقىنى تۈرۈپ.



## 3

ئانىسىنىڭ قارغىشىغا كەتكەن قەمبەر تىنىم تاپماي ئۆي ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئەگەر ئۇ بىكار تۇرۇپ قالسا، خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇرۇپ قالسا ياكى چۈشتە ئۇخلاپ قالسىمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، ئانىسى باھارخاندىن تارتىپ سانىيەگىچە ھەممىسى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈن-تىنسىز ئىشلەيتتى، گاھىدا شالدىمىنى قۇيۇپ ھېچكىم ئۇقالمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەيتتى. گاچىلار ھېچ بولمىسا قول ئىشارىتى بىلەن بولسىمۇ مەقسىتىنى بىلدۈرەلەيدۇ، ئەمما قەمبەر ئۇنىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن ئۇ پۈتۈنلەي سۆزلىيەلمەيدىغان گاچا ئەمەس

ئىدى، "ئانا" دېگەن سۆزنى تولۇق دېيەلەيتتى، قالغانلارنىڭ ئىسمىنى دېيەلىشىچە دەيتتى؛ ئاۋازى ئىنچىكە چىقاتتى، مۇبادا ئۇ تولۇق گەپ قىلالايدىغان ياكى ناخشا ئېيتالايدىغان بولسا ئاۋازى چوقۇم يېقىملىق ئاڭلىناتتى.

قەمبەر 16 ياش ۋاقتىدا بويىدا قالدى، باھارخان قىزىنى بىر مۇنچە تىللىدى، كىم بىلەن نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىدى. قەمبەر قورسىقىنى تۇتۇپ، ئانىسىغا قانداقتۇر بىر نەرسىدىن ئەجەبلەنگەن كىچىك بالىدەك قاراپ، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دېدى، تاكى شۇ بالىنى تۇغقىچە قورسىقىنى تۇتۇپ، ئۆزىلا چۈشىنىدىغان مەلتۇك تىلدا سۆزلەپ ھەم ئۆزىچە كۈلۈپ يۈردى. قەمبەر مەكتەپتە ئوقۇمىغاچقا ئۆيدىن تالاغا چىقمايتتى، شۇڭلاشقا، ئوغۇللار بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باھارخان خىلمۇخىل گۇمانلارنى قىلىپ باقتى، ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان دۇكاندارلارنى ئويلاپ باقتى، بىراق ئۇلار كۈندۈزى دۇكان ئاچىسىمۇ كېچىسى ئۆيلىرىگە كېتەتتى. دۇكاندارلار ئىچىدە پەقەت بىر قېرى موزدۇزلا ئۆيى بازاردىن يىراق بولغاچقا ئۆيگە كېتىپ بولالمىغاندا دۇكىنىدا ياتاتتى. باھارخان بۇ ئادەمدىن گۇمانلىنىپ يۈرمىدى، ئۇ بوۋاي ئىككى موچەن تاپسىمۇ كۈنىگە شۈكۈر قىلىپ، ئاخىرەتلىكىنىڭ غېمىنى يەپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى. گۇمانلار گۇمان پېتى قالدى، قەمبەرنىڭ ئاي-كۈنى توشۇپ، ئۆزىگىلا ئوخشايدىغان بىر قىز تۇغدى، باھارخان ئۇنىڭغا "گۈلەمبەر" دەپ ئىسىم قويىدى ۋە ئۇنى خۇدايىمنىڭ ئامانىتى دەپ بىلىپ، ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇ گۈلەمبەرنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئېنىقلاش ئارزۇيىدىن ئاللىقاچان ۋاز كەچكەن بولسىمۇ تاڭ سەھەردە كۆرگەن بىر قېتىملىق چۈشى ئۇنى ئەسكەرتىپ قويدى. چۈشىدە ھېلىقى قېرى موزدۇز پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا: "باھارخان، قىزىمنىڭ ئايغى يىرتىلىپ كېتىپتۇ، مەيەگە ئەكەلسىلە، ياماپ بېرەي" دېگۈدەك، قولىدا ئۇچلۇق

بىر بىگىز تۇرغىدەك... باھارخان چۈشىدىن ئويغىنىپ، ئۆلۈپ كەتكەن شۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى ئەسلەپ، تووۋا دەپ ياقىسىنى تۇتتى، كۆڭلىدە بىر شەك قالدى.

باھارخان "ھەقىقىي نەۋرە" كۆرۈش ئارزۇيىدىن كېچەلمەي، ئابدۇباقى بىلەن خېلى ئۇزاق ئۆي تۇتقان ياۋاش كېلىنىنى تۇغماسقا چىقىرىپ، ئوغلىدىن ئاجراشتۇرىۋەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئابدۇباقى ئۇ خوتۇنىنىڭ قوچىقىدا بالا كۆتىرىپ باشقا بىر ئەر بىلەن كوچىدا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ كۈنلا ئانىسىغا بۇنى دېدى.

— ئۆزىنىڭ بالىسى ئەمەستۇ؟! — دېدى باھارخان .

— تاڭ ئەمدى، بالىسى بار بىرسىگە تەگكەن بولسا... — دېدى ئابدۇباقى ئېرەن قىلماي.

— سېنىڭ بالاڭ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى باھارخان ئوغلىغا مىختەك قادىلىپ، — چىرايىنى ئېنىق كۆردۈڭمۇ؟ ئوخشۇلمىكەن، قىزمىكەن؟

— يۈگىكىنى ئېچىپ قاراپ باقمىسام، مەن نەدىن بىلەي! — دېدى ئابدۇباقى جىلە بولۇپ.

ئابدۇباقى دەردىنى ئۆزى بىلەتتى، ئۇنىڭ كەيپخۇمار، شەھۋەتپەرەس ئاغىنىلىرى خوتۇنلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، نەچچە بالىلىقمۇ بولۇپ بولدى. ئۇ كەيپ-ساپاغا ئۆزىنى بەك ئۇرۇپ كەتمەيتتى، ئەمما يانمايتتى، ھاراقنى جىق ئىچىۋالغاندا شاشلىشىپ قالمىسا، ئادەتتە ئاغىنىلىرىدەك دادىل، قوپال ئەمەس ئىدى، دائىم ئىچ-ئىچىدىن تىترەپ، سوغۇق تەرلەپلا تۇراتتى؛ ئانىسى ئېسىگە كېلىۋالاتتى، باھارخان ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەستە ھەم خوتۇنىدىن ئاجراشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن بىر قانچە قېتىم: "سېنىڭ ئاتاڭ كاتتا ئۆلىما، كەيپ-ساپانى ئازراق قىل، خوتۇن دېسەڭ مەن ئۆيلەپ قوياي، يامان يولغا كىرىپ كەتمە" دېگەنىدى. ئەمما ئۇ خوتۇن ئېلىشقا ئالدىرىماي بىر قانچە يىل